السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# قىبلىگە قارىماي ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى كۆردۈم دېگىنىمدە، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ماڭا ئوخشاش ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دېدى

ئەنەس ئىبنى سىرىين رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئەنەس ئىبنى مالىك شامغا كەلگەندە بىز ئۇنى ئەينى تەمىر دېگەن جايدا كۈتىۋالدۇق، مەن ئۇنىڭ قىبلىنى سول تەرىپىدە قويۇپ ئېشەك ئۈستىدە ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرۈپ: قىبلىگە قارىماي ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى كۆردۈم، دېدىم، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ماڭا ئوخشاش ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەنەس ئىبنى مالىك شامغا كەلگەندە، ئۇنىڭ پەزىلەت ئىگىسى ۋە ئالىم بولغانلىقىدىن كىشلەر ئۇنى ئالقىشلاپ كۈتىۋالدى. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە «شامغا كەلگەندە» دەپ كەلگەن، لىكىن بۇ يەردە: شامغا كېلىپ قايتار چاغدا ئۇنى كىشلەر كۈتىۋالدى، دېگەن مەنىدە. «قايتقاندا» دېگەن سۆز ئېنىق بولغانلىقتىن قىسقارتىلغان، چۈنكى ئۇلار ئەنەس ئىبنى مالىكنى شامدىن كەلگەندە ئۇلار بەسرىدىن ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالغان. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى (ئۇ كۈتىۋالغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى) ئەنەسنى ئېشەك ئۈستىدە قىبلىنى سول تەرىپىدە قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئەنەس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغىنىنى كۆرمىگەن بولسا ئۆزىنىڭمۇ قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3039